# دوكتۇر ئىبراھىم ناسىر

# ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى

# حقوق المرأة المسلمة وواجباتها في الإسلام

تەرجىمە قىلغۇچى:

سەيپىددىن

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى



## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 3

بىرىنچىسى: ئاساسى چىقىش يولى ........................ 6

ئىككىنچىسى: ئىسلامدىكى ئاياللار ھوقۇقى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئەمەللىرى توغرىسىدىكى ئاساسىي قانۇنى ........................ 15

ئۈچىنچىسى: مۇشۇ ئاساسى قانۇنىنىڭ بەزىلىرىگە قارىتا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە چۈشەندۈرۈشلەر ........................ 32

تۆتىنچىسى: نەسىھەت ۋە تەلەپلەر ........................ 51

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بۇ كىتابنى ئىسلام قانۇنىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تاشلانغان مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى بولغان ئاياللار مەسىلىسىگە تۇتقان قارىشىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىدىم.

چۈنكى ئاياللار مەسىلىسى غەرب مەدەنىيىتىنى ئازدۇرۇۋاتقان مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى بىر قىسىم ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە ۋە بۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بىر تۈرلۈك ئەۋلادلارنىڭ ئەقلىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

ھەقىقەتەن بۇ كىتاب ئاياللار مەسىلىسىنى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان مەسىلىلەرنى بېكىتىش، مۇداپىئە قىلىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى مۇھىم بولغان باسقۇچلار بويىچە بايان قىلىپ بېرىدۇ، بۇ مەسىلىلەرنى ئىخچام، مۇستەھكەم، توغرا ئۇسلۇبتا بايان قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئالىملار ۋە توغرا پىكىر ئىگىلىرى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

رىياد





## كىرىش سۆز

بارلىق ماختاشلار اللە قا خاستۇر، دۇرۇت ۋە سالاملار اللە نىڭ ئەلچىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق ياخشى كىشىلەرگە بولسۇن.

بۇ كىتابنى ئىسلام قانۇنىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى مۇھىم مەسىلەردىن بىرى بولغان «ئاياللار مەسىلىسى» ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى، بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىردىكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئازغۇن — تەتۈر قۇيۇنلىرىنىڭ قارشىسىدا تۇتقان ئورنىنى بايان قىلىش، ئىسلام ئۈممىتىگە ئېزىپ كەتمەستىن ئۆز دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا نەسىھەت قىلىش ۋە اللە تائالانىڭ بارلىق ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىش بىلەن ئۇلارغا ھەر زاماندا ئۇلار ياشاۋاتقان جايلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇكەممەل شەرىئەت قانۇنىنى بېكىتىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىدىم.

ھەقىقەتەن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىرلىكىدىن ئىبارەت ماددىي - شەھۋانىي مەنپەئەت قارىشىنى ئاساس قىلىدىغان ئىلمانىي پىكىردىكى غەرب ئەللىرى ئۆز مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، ئىسلامغا بولغان ئۆچلۈك - دۈشمەنلىكىنى ئاشكارا قىلىپ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇقتا رىئايە قىلىش دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

مەلۇم سىياسىي ئاجىزلىق تەرەپتىن ئىسلام دۈشمەنلىرىگە سىياسىي ۋە ئەسكىرىي جەھەتتە قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىمىزنى چۈشىنىپ يەتسەكمۇ، لېكىن ئىسلام ئالىملىرى، توغرا پىكىر ئىگىلىرى ئۈچۈن دىن دۈشمەنلىرىگە ئىلمىي ۋە پىكرى تەرەپلەردىن رەددىيە بېرىشكە سەل قاراش، ئاجىزلىق قىلىش لايىق بولمايدۇ، چۈنكى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھازىرقى ۋە كېيىنكى ئاساسلىق پىلانى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاياللارنىڭ ئەخلاقىنى ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت.

دىن دۈشمەنلىرى مەلۇم باسقۇچتا مەلۇم بىر شەھەرنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەسكىرىي كۈچىنى مەغلۇپ قىلىپ غەلىبىگە ئېرىششى مۇمكىن، لېكىن ئىسلام ئۈممىتىنى ئۆزىنىڭ دىنىدا ئىشەنچى بىلەن مۇستەھكەم تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئىسلام مىللىتىنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سىلەرنى ئازدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ، (بۇنىڭ ۋابالى ئۇلارغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىش بىلەن ئۆزلىرىگىلا قايتىدۇ). (لېكىن) ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ﴾[1].

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كۇپپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ﴾[2].

[1] سۈرە ئال ئىمران 69 ـ ئايەت

[2] سۈرە نىسا 89 ـ ئايەت





مۇشۇ ھەقىقەت بىزنى ئاياللار مەسىلىسىگە ئالاقىدار بولغان ئىجتىمائىي ساھەلەردە قىزغىن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان غەربلەشتۈرۈش قارشىنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئاساسىي قائىدىلەرنى كۈچلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

ھەقىقەتەن مۇشۇ ئاساستا بىرلىشىپ يىغىلىش بولسا، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان ياخشى كىشىلەرنى كۆپەيتىش، ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشنىڭ نامايەندىسى، ئۇلارنى ياخشىلىقتا، ھەقىقەتكە ياردەم بېرىشكە، زۇلۇمنى ۋە ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە زىت بولغان گەپ ــ سۆزلەرگە قارشى تۇرۇشتا بىرلەشتۈرۈش، ئىسلام ئۈممىتىنى ئەخلاقى بۇزۇلۇشتىن ساقلاپ قىلىشنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

مەن بۇ كىتابنى ئىخچام تۈزۈش بىلەن بىرگە دەلىللەر بىلەن چۈشەندۈرۈشلەرنى يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم.

بۇ كىتاب تۆۋەندىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ــ ئاساسى چىقىش يولى.

ــ ئىسلامنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى توغرىسىدىكى ئاساسى قانۇنى.

ـ مۇشۇ ئاساسى قانۇننىڭ بەزىلىرىگە قارىتا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە چۈشەندۈرۈشلەر.

ـ نەسىھەت ۋە تەلەپلەر.

## بىرىنچىسى: ئاساسى چىقىش يولى

بۇ يەردە ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ئالاقىدار بولغان قائىدە ـ پرىنسىپ، شەرئى چىقىش يولى ۋە ئەمەلىي تەتقىقاتلار بولۇپ، بۇ بىرگە ئاياللار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ۋە ساقلىنىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ، بۇنىڭ مۇھىملىرى:

1 ـ دۇنيا ـ ئاخىرەت ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولغان ياخشىلىق ۋە ھەقنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى اللە نىڭ ۋەھيىسى، ئۇ ۋەھيىنىڭ مەنبەسى بولسا اللە نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۈننەتلىرى، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئالىملارنىڭ بىرلىكى (ئىجماسى) بۇ مەنبەگە خىلاپلىق قىلماسلىق، مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە بۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش بولسا ئىماننىڭ ئەسلى ۋە مۇھىم شەرتلىرى ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئېتىقاد قىلىش كېرەك، اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1]

دىندا مۇھىم بولغان ئىشلاردىن اللە نىڭ رەبلىك (بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش) سۈپىتىدە يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق ئىشلىرىدا خۇسۇسى ـ ياكى

[1] سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت.



ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى

ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھۆكۈم قىلىش، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ اللە قا خاس ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، اللە نىڭ ئىلاھلىق (ئىبادەت قىلىنىغۇچى) سۈپىتىدە يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىگە ۋە بارلىق ئىشلاردا اللە نىڭ ھۆكۈمىگە قايتىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

2 ـ ئىسلام قانۇنىنىڭ ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا قوللىنىشقا مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، شەرىئەتنىڭ جۇزئىي ۋە ئومۇمىي ئەھكاملىرىغا، ياخشىلىق، ئادىللىق، رەھىم ـ شەپقەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش كېرەك، اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. يەنە مۆمىنلەرگە خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴾[1] بۇنداق كەسكىن ئىشىنىشنىڭ سەۋەبى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، تولۇق ھېكمەت ئىگىسى، بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغۇچى، كۆيۈمچان، ھەممىگە غالىپ بولغان اللە تەرەپتىن يولغا قويۇلغانلىقىدىن ئىبارەت، اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكۈمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللە قا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللە دىنمۇ ئادىل كىم بار﴾[2].

[1] سۈرە ئىسرا 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە مائىدە 50 ـ ئايەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتلەردە خاتالىق يۈز بەرسە بۇنى تۈزىتىشتە، ھەقىقەت بىلەن ئازغۇنلۇقنى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىشتا دىنسىز ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ قانۇن تۈزۈمىگە ياكى ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئېزىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارىشىغا قارىماستىن بەلكى الله تائالا چۈشۈرۈپ بەرگەن شەرىئەتنىڭ ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن﴾[1].

3 ـــ ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرگە باھا بېرىش، نەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇش، تەسەۋۋۇر قىلىش، تۇرغۇزۇشتا ئۇتتۇرىغا قويغان مەنھەج ـ پرىنسىپلىرى ھەرقانچە پارقىراق، چىرايلىق بولسىمۇ، ئۇ الله نىڭ ئىلاھى قانۇنىغا زىت بولىدىكەن، بۇنىڭ ناقىس ـ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسىدىن چىقارماسلىق كېرەك، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) الله دىن غەيرىينىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى﴾[2].

شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن ئىنسانلار مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كۆپىر بولسۇن ئۇلار دۇنيادا ئۇچراۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلارنىڭ دۇچ كەلگەن ئىشلاردا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇراجىئەت قىلماستىن بەلكى ئۇ مەنھەجدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن بولغان، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە

[1] سۈرە مائىدە 49 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 82 ـ ئايەت.





دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، الله ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى﴾[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا الله تىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴾[2].

4 ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئادىللىق ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، بۇ ئادىللىقنىڭ تەلىپى: ئىككى ئوخشاش نەرسىنىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىش، ئوخشىمايدىغان ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش، ئىسلام دىنىنى چەكلىمە قويماستىن مۇتلەق ئادىللىق دەپ قاراش توغرا ئەمەس، چۈنكى مۇتلەق ئادىللىق بەزەن ۋاقىتتا ئىككى ئوخشىمايدىغان نەرسىنىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ زۇلۇمدىن ئىبارەت، ئەگەر باراۋەرلىكنى مۇتلەق ئادىللىق دەپ چۈشەنگەن ئادەم سۆزنىڭ مەنىسىنى توغرا، لەۋزىنى خاتا چۈشەنگەن بولىدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىمدە مۇتلەق باراۋەرلىككە بۇيرۇيدىغان بىرمۇ ھەرپ كەلمىگەن بەلكى ئادىللىققا بۇيرۇيدىغان ھەرپلەر كەلگەن، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە

[1] سۈرە رۇم 41 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 22 ـ ئايەت.

زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، الله سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ﴾[1].

شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسى ئادىللىق ئاساسىدا بولىدۇ، ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىش، ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىشنىڭ ئۆزىمۇ ئادىللىق، ھەقىقەتەن الله نىڭ بەرگەن خەۋەرلىرى راستتۇر، ھۆكۈمدە ئادىللىق قىلغۇچىدۇر، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. الله (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئىنسانلارنىڭ ھاياتى تۇرمۇشىدىكى ئۆز - ئارا ئالاقىسىنى ئەڭ تۆۋەن باسقۇچتا بولسىمۇ ئادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئىنسانلار دىن ھەر ۋاقىت ئۆزى بىلەنمۇ ۋە باشقىلار بىلەنمۇ ئادىللىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قوۋمغا بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، الله دىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[3].

[1] سۈرە نەھل 90 - ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام 115 - ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە 8 - ئايەت.





5 - ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقە ئورۇنلىرىدا مۇشۇ ئەسىردىكى غەربنىڭ جاھىلىيەت قاراشتىكى مەدەنىيىتى يەككە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئاساسى قىممەت قارىشى دەپ بېكىتىدۇ، مۇشۇ ئالاقىنىڭ تەبىئىي ۋە لوگىكىلىق قاراش نەتىجىسىدە غەربلىكلەرنىڭ قارىشىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسى ئۆز - ئارا ھەمكارلىشىش، بىر - بىرىنى كۆچلەندۈرۈش، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن بىلىش، ئۆزئارا ياردەمنى ئايىماسلىق ئاساسىغا قۇرۇلماستىن بەلكى باشقىلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىش، بىر - بىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان، بۇ الله نىڭ كۆرسەتمىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دۇنيادا ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئالىي ھوقۇقنى يوقاتقانلىق، بۇ غەربنىڭ تارىخى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى، بۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئۇلارنىڭ كاتولىك دىنى قارىشى بولۇپ، بۇلار ئىككى جىنسنىڭ (ئەر بىلەن ئايالنىڭ) ئارىسىدىكى ئاداۋەت مەڭگۈلۈك ئاداۋەت، ئاياللار بولسا خاتالىقنىڭ يامانلىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دېگەن پىكىرنى قوبۇل قىلغان بولۇپ بۇ پىكىر ئۇلارغا باشقا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىرىدىن مىراس قالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ پىكىر ھەرگىزمۇ ئىسلام شەرىئىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق ئەمەس.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا قانۇن - تۈزۈمنى ئەر ياكى ئايال بېكىتمەيدۇ، بەلكى ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار بولغۇچى، مېھرىبان الله بېكىتىدۇ، الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۈنسۈ- ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى(يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى﴾①.

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا اللہ نىڭ قانۇنىدىن باشقا تەرەپكە مايىل بولۇپ ئېزىپ كېتىش ئىشلىرى كۆرۈلسە، بۇ ئۇلارنىڭ اللہ قا بولغان ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق بىلمەسلىكى، دىنى پرىنسىپقا رىئايە قىلمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن بولىدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنسانلار ئۆزى تۈزگەن قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلام قانۇنىغا مۇۋاپىق بولمىغان تەقلىدى، ئۆرپ-ئادەت قاراشلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان.

6 - كۆپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار قارشىسىدا ئىلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشى ئىسلام دىنى يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ بىرى، اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرىۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ﴾②.

كاپىرلا مۇسۇلمانلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا مۇناپىقلار ئاشكارا بولىدۇ، جاسۇسلار كۆپىيىدۇ، ئۇلار قەلبىدىكى نىپاقلىقنى ئاشكارا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇناپىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ۋە ئۇلارغا قاتتىق سىياسەت قوللىنىش زۆرۈر، اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى پەيغەمبەر! كۆپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا (قارشى غازات قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش

① سۈرە ئەئراف 189 - ئايەت.

② سۈرە بەقەرە 217 - ئايەت.



ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى

بىلەن) قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾①.

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، (سۆزىنىڭ پاساھەتلىكىدىن) سۆزىگە قۇلاق سالىسەن، (ئىلىمسىز، ئەقىلسىز، پاراسەتسىزلىكتە) گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان (چىرىپ قالغان) ياغاچلاردۇر، ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار (ساڭا ۋە مۆمىنلەرگە) دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن، اللہ ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ!﴾②.

ئۇلارنىڭ (مۇناپىقلارنىڭ) تۇتقان پرىنسىپى — مەنهەجى مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ (بۇنىڭدىن بەك ھەزەر ئەيلەش كېرەك) ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ شەرىئەتنىڭ تېكىستلىرىنى ئەسلى مەقسەتتىن ئۆزگەرتىش، مەنىلىرىنى تەۋىل قىلىش، سۆزلۈكلەرنى شەك — شۈبھىلىك ئاجىز قاراشلار بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

دىن دۈشمەنلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان جاسۇسلارغا، ئۇلارنىڭ ئاجىز ماددي - مەنىۋي تۇرمۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۈچرىغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارغا، ئۇلارنىڭ ئازدۇرىشى ۋە شەكلىك قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن پەخىرلىنىشتىن

① سۈرە تەۋبە 73 - ئايەت.

② سۈرە مۇنافىق 4 - ئايەت.

چۈشەنچىسى ئاجىزلاپ كەتكەن كىشىلەرگە كۆپ نەسىھەت قىلىش كېرەك.



ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى

## ئىككىنچىسى: ئىسلامدىكى ئاياللار ھوقۇقى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئەمەللىرى توغرىسىدىكى ئاساسىي قانۇنى

مۇسۇلمانلار تارىخىدا ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئاشقان، تەرەققىي قىلغان دەۋرلەردە بولسۇن ياكى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىشىپ مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەن دەۋرلىرىدە بولسۇن ئۇلار «ئاياللار مەسىلىسى» دېگەن قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ باقمىغان، بەلكى غەربلىكلەر ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتىنى دەۋا قىلغۇچىلار غەربنىڭ بۇ كېسەل تەككەن ئازابلىق مەدەنىيىتىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە تاراتتى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى، دىنىنى ياقتۇرمايدىغان غەربلىكلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن «ئاياللارنى ئازاد قىلىش» چاقىرىقىنى كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئوتتۇرىغا قويدى، كىشىلەرنى بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ماسلىشىشقا چاقىردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندە مۇشۇ چۈشەنچىلەرگە ئالاقىدار بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بىر قىسىم ئاساسلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ ئاياللار بولسا ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق بىر تۈرى بولۇپ، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله بىر جۈپنى ـ ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى﴾[1].

ئاياللار بولسا بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ يېرىمى بولۇپ، الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم

[1] سۈرە نەجم 45 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان﴾[1].

ئاياللار ئەسلى قۇرۇلما، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئاخىرقى باسقۇچتا ئەرلەرنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس بولغان ئىشلاردا كائىناتنى گۈللەندۈرۈشتە ھەمكارلىشىدۇ، دىنى ئەھكاملارنىڭ ئومۇمي قىسمىدا يەنى تەۋھىدتە، ئېتىقادتا، جازا ـ مۇكاپاتلاردا (ساۋابتا) ۋە ئومۇمي ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنلىرىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[2].

ئەبۇ داۋۇد بىلەن تىرمىزي رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاياللار ئەرلەرنىڭ قېرىنداشلىرى».

يەنە الله نىڭ ھۇزۇرىدىمۇ ئىززەت ــ ئىكرامنىڭ ئۆلچىمى تەقۋالىقتىن ئىبارەت الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن

① سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت.
② سۈرە نەھل 97 ـ ئايەت.





ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1]. الله نىڭ (سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق) دېگەن ئايەتتىكى سۆزىدىنمۇ ئالاھىدىرەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز يوق.

الله تائالانىڭ ﴿ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر- بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن»﴾ دېگەن ئايەتتە ئۇلار الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ئەر ـ ئاياللىق ئاتالغۇسىدا، دىنىنىڭ ئومۇمي قىسمىدا، شەرىئەت قانۇنلىرىدىن ئىبارەت ئۆلچەملەردە باراۋەر دېگەن.

ئىنسانلارنى ياراتقۇچى الله نىڭ ھېكمىتى ئەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، ھەيئىتى، ۋە يارىتىلىش سۈپەتلىرىدە ئاياللارغا ئوخشىمايدىغان بولۇشنى تەقەززا قىلدى.

بۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى ئوخشاشماسلىقنىڭ تەسىرىدە، ئۇلارنىڭ بەدەندىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت، كۆيۈمچانلىق، ئىرادىلىك بولۇش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ ئوخشاشماسلىق بولدى، الله تائالا ئەرلەر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇ تەلەپ قىلغان) ئوغۇل (ئاتا قىلىنغان) قىزغا ئوخشاش ئەمەس﴾[2] الله تائالا ئاياللار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار

① سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران 36 ـ ئايەت.

الله قا) زىبۇزىنىنەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، مۇنازىرىدە مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان (قىزلارنى مەنسۇپ قىلامدۇ؟)﴾[1].

ھەقىقەتەن ئىسلام ئىككى جىنسنىڭ (ئەر بىلەن ئايالنىڭ) مۇشۇ ئوخشاشماسلىقلىرىغا ئاساسەن ئومۇمىي قانۇن ـ تۈزۈملەردە بۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى، خەۋەر تاپقۇچى الله نىڭ چەكسىز ھېكمىتى بىلەن بولغان مۇشۇ ئوخشاشماسلىق، بىر قىسىم شەرىئەت ئەھكاملىرىدا، مۇھىم ئىشلاردا، خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۇلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆز قۇرۇلمىسىغا، خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ھالەتتە بېكىتتى، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستتىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر﴾[2]، ئاشۇ الله نىڭ كائىناتتىكى نەرسىلەرنى پەيدا قىلىش، قۇراشتۇرۇش، ۋە ئىدارە قىلىشتىكى ئىرادىسى، بۇ الله نىڭ دىنى ـ شەرىئەتتىكى ئىشلاردا قانۇن ـ ھۆكۈم چىقىرىش ئىرادىسى، الله نىڭ بۇ ئىككى ئىرادىسى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ مۇۋاپىق يارىتىلىش ئىشلىرىدا، كائىناتنى گۈللەندۇرۇشتە، يەككە كىشىلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھاياتلىق نىزام نامىسىنى تەرتىپلەشتە بىرلەشتى.

2 ـ شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەقىقەتكە مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمىمۇ مۇشۇ ئەھكاملارنىڭ جۈملىسىدىن، ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى مۇستەھكەم بولغان شۇ جەمئىيەتنىڭ بىر قۇرۇلمىسى، جەمئىيەتنىڭ

[1] سۇرە زۇخرۇف 18 ـ ئايەت.
[2] سۇرە ئەئراف 54 ـ ئايەت.





مۇستەھكەم، ساغلام بولۇشى ئائىلىنىڭ مۇستەھكەم ساغلام بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ئاخىرقى غايىسى بولسا ئائىلىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا دوستلۇق، مۇھەببەت، مېھرىبانلىق، خاتىرجەملىكنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاياللار بىلەن ئۇنسۇ ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾[1].

ئائىلە قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەشتە ئاياللار ئاساسلىق رول ئوينايدۇ، ئائىلە ئىچىدە ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى كۆرۈلىدىكەن بۇنىڭ تەسىرى ئائىلىدىكى ھەممە كىشىلەر دە ئىپادىلىنىدۇ، ئاياللارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ساغلام جەمئىيەتلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ جاھىلىيەت قارىشىدا ياشاۋاتقان ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى رولىنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق قارايدىغان ئەقىلسىز كىشىلەرگە قارشى ھەقىقىي مەيداندا مۇستەھكەم تۇرۇشى كېرەك، چۈنكى ئاياللارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمۇ ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتى ئۈچۈن بولغان مۇھىم ئىشلاردىن ئىبارەت.

[1] سۇرە رۇم 21 ـ ئايەت.

بۇنىڭ ئەكسىچە ئەرلەرنىڭ ئۈستىدىمۇ ئائىلە باشقۇرۇش ۋە ئائىلىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام شەرىئەت ـ قانۇنى بېكىتكەن ئېغىر مەسئۇلىيەت بار، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل- ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر). ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر﴾[1] .

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك ). (ئاياللارغا مېھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە﴾[2] .

ئائىلە باشقۇرۇش دېگەن ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىك جەمئىيىتى بولغان ئائىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۆزبېشىمچىلىق قىلماستىن ياكى زومىگەرلىك قىلماستىن ئادىللىق بىلەن يول تۇتۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئائىلىنىڭ، ئۆينىڭ ۋە ئاياللارنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولغان ئېغىرچىلىقلارنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئائىلىگە كۆڭۈل بولۇشى، خىراجەت قىلىشى، ھالالدىن رىزىق تېپىشى ۋە ئائىلىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئىشلاردا

[1] سۈرە نىسا 34 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 228 ـ ئايەت.





مەسئۇلىيەتچان بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئائىلە ئەزالىرىنىڭمۇ ئىتائەت قىلىش زۆرۈر بولغان ياخشىلىققا دائىر ئىشلاردا ئەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تولۇق بويسۇنۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇخاري بىلەن مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بويسۇنۇش دېگەن ياخشىلىقتا بولىدۇ».

3 ـ ئەركىشى ئايالىغا خىراجەت قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇلغان بولۇپ بۇ ئەرنىڭ قۇدرىتى يەتكەن مىقداردا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، ئەرنىڭ ئىقتىسادى تۇرۇپ ئايالىغا خىراجەت قىلىپ بەرمەسلىكى چوڭ خاتالىق، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم الله نىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). الله ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى باينى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)، الله قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ﴾[1] ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسى مال ـ مۈلكى ۋە ئۇ مالنى ئىشلىتىش ئىشلىرىدا ئەرنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىۋېلىشى توغرا ئەمەس، چۈنكى بۇ ئايالغا خاس بولغان ھەق بولۇپ، ئىسلام قانۇنىدا ئاياللارمۇ مالىيە ئىشلىرىدا ئەرلەرگە ئوخشاش مۇستەقىل ھوقۇققا ئىگە دەپ بېكىتىلگەن، قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قانۇنىدا بولسۇن ياكى مۇشۇ تەرەققىي قىلغان دەۋرنىڭ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا

[1] سۈرە تالاق 7 ـ ئايەت.

بولسۇن جاھىلىيەت ئېڭى بىلەن ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئاياللارنىڭ ئەقلى قىسقا ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىقتىساد توپلاش ۋە سەرپ قىلىش سالاھىيىتى يوق دەپ قارىلىنىپ كەلگەن، ئەمما ئىسلام قانۇنىدا بۇنىڭدىن 1400 يىل بۇرۇن ئاياللارمۇ مالىيە ھوقۇقىدا ئەرلەرگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق دەپ بېكىتكەن.

4 ــ ئىسلام جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ئەر - ئاياللارنىڭ ئائىلە ئىچىدىكى ئالاقىسى بىر - بىرىنى تولۇقلاش، ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت، بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت: ئائىلىدە خاتىرجەملىك، مۇھەببەت ۋە ئۆزئارا كۆيۈمچانلىقنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاياللار بىلەن ئۇنسۇ ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾[1] «خاتىرجەملىككە ئېگە قىلىش» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ئالاھىدە مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، بۇ سۆز باشقا تىللاردا تېپىلماسلىقى مۇمكىن، «خاتىرجەملىككە ئېگە قىلىش» دېگەن سۆزدىن: تىنچلىق، راھەت، ئىشەنچ قىلىش، مۇلايىملىق دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەر تېپىلىدۇ، ئائىلىدىكى خاتىرجەملىكنىڭ نەتىجىسى ئەر - ئاياللاردا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدە ۋە جەمئىيەتتىكى ھەممە كىشىلەردە كۆرىلىدۇ.

[1] سۈرە رۇم 21 - ئايەت.





ئەر - ئايالنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىدىكى ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتى، ھاياتى كۈچى ۋە پسخولوگىيە ھادىسىلىرىدە پەرقلىنىش بولىدىكەن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئۆتەيدىغان خىزمەتلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال، ئەر ــ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ــ مەسئۇلىيەتتە بىر ــ بىرىگە ھەمكارلىشىش بولسا ئىسلامدىكى ئادىللىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئالاقىنىڭ نەتىجىسى.

شۇنىڭغا ئاساسەن ئىسلام شەرىئىتى ئەرلەرگە ھاياتلىق باسقۇچلىرىدا قىلىدىغان ئىشلىرىنى بەلگىلەپ بەرگەندەك، ئاياللارغىمۇ بەلگىلەپ بەردى، شەرىئەت بۇ بەلگىلىمىنى ساغلام ئەقىل بىلەن توغرا تەبىئەتنىڭ تەقەززاسىغا مۇۋاپىق ئاساستا بەلگىلىگەن، بۇنداق باراۋەرلىك، بىر - بىرىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت تىنچ جەمئىيەتتە ئەر - ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى تەبىئىتى ۋە ئۆرپ ــ ئادەت قارىشى بويىچە ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنىڭ غەيرىدە بولغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي ھاجىتىدىن سىرت ئەرلەرنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئۇلارغا بولغان زۇلۇمدىن ئىبارەت، بۇ ئاياللارنىڭ ئادىللىق بىلەن بېكىتىلگەن ھەق ــ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىق ئىززەت - ھۆرمىتىگە ھاقارەت قىلغانلىقتىن ئىبارەت.

5 - ئاياللار ئۆزىنىڭ ھاياتلىق باسقۇچىدىكى خىزمەت دائىرىسىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشقا يۈزلىنىشى زۆرۈر، ئىنسانلار ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئىمانىنىڭ، ئىبادەتنىڭ پەرز - ۋاجىپلىرىنى بىلىش، الله قا قىلىدىغان ئىبادەتنى كامىل قىلىش ئۈچۈن ئىبادەتلەرگە ئالاقىدار بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ئۇلارنىڭ

دىنى مەجبۇرىيىتى. ئىبنى ماجەدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن بىلىش ئىلىش پەرز»، ئۇنىڭدىن سىرت ھەر بىر كىشىگە ئۆزىنىڭ خىزمەت ــ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئاساسىدا باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىشى زۆرۈر، بۇنىڭدىن سىرتقى بىلىملەر بولسا زىيادە (نەپلە) بىلىملەر بولۇپ بۇ زىيادە بىلىملەر بىلەن دۇنيا ــ ئاخىرەتنىڭ ئەمەللىرىدە پەرز بولغان بىلىملەر رىقابەتلىشىپ قالماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

6 ـ ئىسلام شەرىئىتى ئادىللىق ئاساسىدا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە رىئايە قىلىپ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ھوقۇقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئوتتۇرىغا قويغان «كىشىلىك ھوقۇق» نىزامنامىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ھوقۇقلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئىسلام قانۇنى ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ نىزامنامە: ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى تەڭ ــ باراۋەر قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ جاھىلىيەت قارىشىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىدى ۋە بۇ ھەقلەرنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىشىغا پەرۋا قىلمىدى، بۇنىڭ مىساللىرىدىن: ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قارىشىدا ئاياللارنىڭ توي قىلىش، ئانا بولۇش، ئۆز ئائىلىسىگە تەربىيىچى بولۇش ھوقۇقى بېكىتىلگەن بولۇپ ئائىلە ئاياللارغا نىسبەتەن بىر مەملىكەتكە ئوخشاش بولۇپ، ئاياللار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەبىئىتى، مىجەز ـ خاراكتېرىگە مۇۋاپىق خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ، ھەرقانداق جەمئىيەت ۋە قانۇن ئاياللارنى ئائىلىدىن ئايرىلىپ خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن، ئۇلار ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ھاقارەت قىلغان ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.





ھەقىقەتەن ئىسلام شەرىئىتى ئاياللارنىڭ لايىق تاللاش ھوقۇقىنى بېكىتكەن بولۇپ بۇ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بايان قىلىنغان: «سىلەرنىڭ ئۆيىڭلەرگە سىلەر دىنىدىن، ئەخلاقىدىن مەمنۇن بولىدىغان كىشى ئەلچى بولۇپ كەلسە ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇڭلار»، ئەر ـ ئاياللار تۇرمۇشتا چىقىشالمىسا ئاياللارنىڭ ئايرىلىپ كېتىش ھوقۇقىمۇ بېكىتىلگەن بولۇپ بۇ ھەقلەرنى قارار قىلىش ـ بېكىتىشتە نۇرغۇن سەھىي بولغان ئۇچۇق دەلىللەر كەلگەن، ئائىلە تۇرمۇشىدا ھەرقانداق مۇشكۈللۈك يۈز بەرسە دەرھال شەرىئەتنىڭ بۇ توغرىدىكى دەلىللىرىگە مۇراجىئەت قىلىش بۇيرۇلغان.

7 ـ پاكلىقنى ۋە يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلاش شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي ئاساسى، بۇ شەرىئەتنىڭ ئاساسى مەقسىتى بولغان كۆڭۈل بۆلۈش، مۇھاپىزەت قىلىش زۆرۈر دەپ ئېتىبارغا ئېلىنغان بەش تۈرلۈك ئىشنىڭ قاتارىدىن بولۇپ شەرئى ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى بۇنى ئاساس قىلىدۇ، بۇ بەش تۈرلۈك ئىش: دىنىنى، جېنىنى، جىنسىنى(نەپسىنى)، يۈز ئابرۇيىنى، ئەقلىنى، مال ـ مۈلكىنى ساقلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، پاكلىق قانۇنىيىتىگە قارىتىلغان ھەرقانداق كەمچىللىك ئۇ شەرىئەتنىڭ ئالىي مەقسىتىگە بولغان دۈشمەنلىك، جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىنىڭ ۋە ئەر ــ ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى ھاقارەت قىلغانلىق، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇزۇقچىلىقنى تارقىتىشتىن ئىبارەت، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مۆمىنلەر ئۇستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق

ئازابقا قالىدۇ، الله (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن خەۋەر تاپقۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله كىشىلەرنىڭ مۇشۇ پاكلىق قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىشى ئۈچۈن قانۇنلارنى بېكىتتى، نىكاھ قانۇنىنى يولغا قويدى، نىكاھ ئەقدىسىنى مۇستەھكەم ئەھدى دەپ ئاتىدى، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆز ـ ئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟﴾[2].

مۇشۇ پاكلىق قانۇنىيىتىنىڭ ھاقارەتكە ئۇچراش ۋە ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن زىنا قىلىشنى ئوخشاشلا (ھارام قىلدى) چەكلىدى، بۇنى ئەڭ بۇزۇق قىلمىشلاردىن دەپ ئېتىبارغا ئالدى، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[3].

شۇنىڭ بىلەن بىرگە زىنا قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىنمۇ چەكلىدى، يات ئاياللار بىلەن بىللە يالغۇز تۇرۇش، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش، ئۇلارغا يېقىنچىلىق بىلەن سۆز قىلىشنى چەكلىدى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە بۇزۇقچىلىق تارقىتىشنى قاتتىق چەكلىدى، ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىش، كۆزىنى ھارامدىن ساقلاشنى مۇشۇ ئالىي مەقسەت ئۈچۈن يولغا قويدى.

[1] سۈرە نۇر 19 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 21 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئىسرا 32 ـ ئايەت.



ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى

مۇشۇ قانۇنىيەتكە تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا قاتتىق جازا بېكىتتى، زىنا قىلغۇچىلارغا، باشقىلارغا بوھتان قىلغۇچىلارغا ئايرىم ـ ئايرىم قانۇن بېكىتتى، پاكلىق قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىش، يۈز ئابرۇيىنى ساقلاش ئۈچۈن قوشۇمچە قانۇنلارنى بېكىتتى.

8 ـ ئاياللارنىڭ يۈزىنى ياپىدىغان چۈمبىلى بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى، ھاياسىنى ساقلايدىغان مۇستەھكەم قورغانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئاياللار ئارىسىدا بۇزۇقچىلىق تارىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، جەمئىيەتتە، ئەر ـ ئاياللارنىڭ پاكلىقىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان شەرىئەتنىڭ شۇئارى (بەلگىلىرى)، ئاياللارنىڭ شەرىئەتنىڭ قانۇنى بىلەن ئىززەتلىك ياشايدىغانلىق كۆرىنىشلىرىدىن بىرى.

ئاياللارنىڭ چۈمبەل بىلەن يۈزىنى يېپىشى ھەرگىزمۇ ئۇلار خالىسا زىننەت ئۈچۈن يېپىۋالىدىغان، خالىمىسا ئېچىپ تاشلىۋېتىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى بۇ الله تىن ئاياللارغا پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن ھۆكۈمنىڭ بىرى، چۈمبەل ئۇلارنىڭ قورغىنى، ئۇلارنىڭ پاك ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئەگەشكەنلىكىنىڭ سىمۋولى، بۇ ئالامەتلەر بىلەن ئۆزىنىڭ شەھۋانى نەپسى، ھاۋايى ـ ھەۋىسىگە ئەگىشىپ بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلار بۇنداق پاك ئاياللارغا نىسبەتەن يامان نىيەتتە بولالمايدۇ، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ(ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ

ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. الله (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى، شەھۋانىي نەپسىگە ئەگەشكۈچى مۇسۇلمانلار ۋە بىر قىسىم پۇرسەت ـ پەرەس تىجارەتچىلەر ئاياللارنىڭ چۈمبەل ـ پۈركەنجىسىگە قارشى ئوچۇق ـ ئاشكارا گايىدا يوشۇرۇن قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاخىرىدا بۇ قانۇننى ئەكسىچە قوبۇل قىلدى، چۈمبەل ــ پۈركەنجىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆزگەرتتى، بۇنى پەقەت تەقلىدى، ئەگەشمىچىلىك ئادەت بۇ ئادەت تەرەققىياتنى ھەم چېكىنىشنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ بۇنىڭدىن بولغان يۈكسەك غايە، ئالىي مەقسەتنى بىكار قىلىۋەتتى.

بىز ئاياللارنىڭ چۈمبەل ـ پۈركەنجىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى، بۇنىڭ ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقتىمىزدا، بۇنىڭ قارشىسىدىكى كۆرەشنىڭ ھەقىقەتەن ياۋۇزلۇق بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىمىز، مەسىلەن: ياۋروپا ـ غەرب ئەللىرىگە نەزەر سالساق ئۇلار چۈمبەل ــ پۈركەنجى مەسىلىلىرىدە ئاياللارغا چەكلىمە، قىيىنچىلىق، سىقىلىش پەيدا قىلىشقا قول سوزدى، بۇلار باشقا بىر دىنى جامائەتنىڭ ياكى ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قارىشى ھېچ قانداق چەكلىمە قىيىنچىلىق، سىقىلىش پەيدا قىلمىدى، دۇنيادىكى ئىشلارغا نەزەر سالغان ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئۇلارنىڭ قانۇنىدا بولسۇن ياكى ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە بولسۇن ئاياللارنىڭ چۈمبەل ـ پۈركەنجى مەسىلىسىدە بۇ يەردە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ئاياللىرىغا قىيىنچىلىق سېلىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ، بۇ

[1] سۈرە ئەھزاب 59 ـ ئايەت.



ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى

ئىشلار كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش جەمئىيىتى قۇردۇق دەپ دەۋا قىلغۇچى ياۋروپا ـ غەرب ئەللىرىدە بولسۇن ياكى دىنسىزلىق (ئىلمانىي) قاراشنى ئاساس قىلغان بىرقىسىم ئەرەب دۆلەتلىرىدە بولسۇن ئوچۇق ئاشكارا يۈرگىزىلىۋاتىدۇ.

9 ـ ئاياللارنىڭ چۈمبەل ـ پۈركەنچىسى ئومۇمىي جەمئىيەتنىڭ بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتىنى ساقلاش، پاكلىق قانۇنىيىتىنى كۈچلاندۇرۇش ئۈچۈن شەرىئەتتە پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن، بۇ غايىنى ئاياللارغا ئالاقىدار بولغان يەنە بىر قانۇن كۈچلاندۇرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىسلامدىكى كۆپ ئاياللىق بولۇش پرىنسىپى، لېكىن ئېلان ساھەسىدىكى دىننى بۇرمىلايدىغان كىشىلەر بۇنى ئاياللارغا زۇلۇم قىلغانلىق دەپ تەتۈر تەشۋىق قىلىپ بۇ مەسىلىگە قارىتا نۇرغۇن پىتنە پەيدا قىلغان، ئەمەلىيەتتە ۋاقىئەلىك بولسا مۇشۇ قانۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ، ھەتتا ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىن باشقا جەمئىيەتلەرمۇ ئاياللارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۈچلاندۇرۇش ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كۆپ ئاياللىق بولۇشنى يولغا قويغان جەمئىيەت، دۆلەتلەردىكى ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى بۇنىڭ ئەكسىچە كۆپ ئاياللىق بولۇشنى جىنايەت دەپ بۇنى چەكلەيدىغان جەمئىيەت، دۆلەتلەردىكى ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى. كۆپ ئاياللىق بولۇش شەرىئەتتە ئادىللىق قىلىش دېگەن شەرتلەر بىلەن كەسكىن بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئاياللارنىڭ ئېرىدىن تۇل قېلىش، تالاق قىلىنىپ كېتىش، يېشى چوڭىيىپ ئولتۇرۇپ قېلىش قاتارلىق

ھالەتلەرگە نەزەر سالمىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، پاكلىقى بىلەن توي ئىشلىرىنىڭ ئاسان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان.

بۇنىڭدىن سىرتمۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى جۈملىدىن: ئاياللاردىكى تۇغماسلىق، ئاياللار كېسەللىكى، ئۆز تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق، جىنسىي كېسەللىك ۋە باشقا ھادىسىلەر يۈز بەرسە بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن - بىر يولى بۇ جەمئىيەتتە كۆپ ئاياللىق بولۇشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت، ئەمما ئاياللارنى تالاق قىلىش بولسا بۇمۇ بىر ھەل قىلىشنىڭ يولى بولسىمۇ لېكىن بۇ ئىش ياخشى كۆرۈلمەيدۇ، چۈنكى ئائىلە دېگەن ئەر - ئايال ئىككىيلەننىڭ مۇھەببىتى ۋە مېھرىبانلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

كۆپ ئاياللىق بولۇش بىلەن يەنە كۆپلىگەن بالىلارنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بالىلارغا ئۆگەي دادا تاپقاندىن ياكى ئۇلارنى دارىلئەيتامغا ئەۋەتىپ بېرىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾[1].

ئىسلام جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتىگە كۆڭۈل بۆلدى، بولۇپمۇ ئەر - ئايال ئىككى تەرەپنىڭ توي قىلىشتىن ئىبارەت بولغان مەقسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئائىلىدە بىرگە ياشاش، ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، پاكلىققا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاجەتلىرىنى قاندۇرۇشقا ئالاھىدە رىئايە قىلدى، بۇ ئىش بىر قىسىم توي قىلغان ئاياللارنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ لېكىن ئىسلام ئومۇمىي مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتتى.

[1] سۈرە نىسا 3 - ئايەت.

## ئۈچىنچىسى: مۇشۇ ئاساسى قانۇنىنىڭ بەزىلىرىگە قارىتا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە چۈشەندۈرۈشلەر

1 ـ ھەقىقەتەن ئىسلام ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇلارنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتى، قەدىر ـ قىممىتى، پەزىلىتى، ئىنسانلىق تەبىئىتىنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن بىۋاسىتە ئۇلارغا تۇتىشىدىغان ھوقۇقلىرى، شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي قىسمىدىكى ئوخشاشلىقنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىپ بېكىتتى، يەنە بىر قىسىم ھوقۇق ــ ۋەزىپىلەردە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، تەبىئىتىدىكى غايە ـ مەقسەتلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ ئاياللار ھوقۇق ـ مەنپەئەتتە ئوخشاش، تەڭ ـ باراۋەر بولۇشى كېرەك دېگەن پىكىرنى راۋاجلاندۇرغۇچىلار، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئۆزىنى دۇنيا ئاياللار ھەرىكىتىگە نىسبەت بەرگۈچىلەر بۇنىڭغا قارشى غەۋغا پەيدا قىلدى، ۋە دەرھال ئاياللار مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلتاي ـ يىغىنلارنى ئاچتى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى پارچىسى بولغان ئەر ــ ئايالنىڭ ئىنسانلىق تەقەززاسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىش بولسا ئۇ ئادىللىقنىڭ تەلىپى، ئىسلام ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ باراۋەرلىكنى كەسكىن بېكىتكەن.





ئەمما ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولىنى ۋە بۇ جەرياندىكى خىزمەت ـ ۋەزىپىلىرىنى ئوخشاش، باراۋەر قىلىشنى قانداق ئىجرا قىلىش مۇمكىن؟

دۇنيا ئاياللار ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن يىغىن ـ قۇرۇلتايلار، ئۇلارنىڭ چاقىرغان قارارلىرى شەيئىلەرنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالامدۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ئەسلى يارىتىلىشتىكى تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالامدۇ؟

ھەقىقەتەن ئىسلام ئەمەلىي تەرتىپلىك دىن بولۇپ ئەر ـ ئاياللار مەسىلىسىدە ئەمەلىي ۋاقىئەلىككە، كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىدىكى ئوخشىماسلىققا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى سايلىققا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىدۇ ۋە شۇ قائىدىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىدۇ، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى، ئىجتىمائىي قانۇنىيىتىگە قارشى بولغان ھەرقانداق ھەرىكەت ۋە كۆز قاراشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈق ئاشكارا زىيان تارتىش، تېز مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، غەرب دۇنياسىكى ئاياللارنى ئەركىنلىككە چىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ (150) يىلدىن بىرى ئېلىپ بارغان ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدىن ئىبارەت، ھەر ۋاقىت ئاياللارنى ئەخلاقى بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت يۈز بىرىدىكەن

[1] سۈرە مۇلك 14 ـ ئايەت.

بۇ غەرب جەمئىيىتىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ ھەرىكەتنىڭ گۈللىنىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام جەمئىيەتلىرى غەرب جەمئىيەتلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ ئىسلامنىڭ ئاياللارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ھېكمەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارغانلىقىغا غەرب جەمئىيىتىنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتىنى شاھىت قىلىش كېرەك.

2 ـ ئىسلام قانۇنى ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى تۆۋەنلىتىدىغان، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئالاھىدە ئايرىمچىلىقنى قاتتىق چەكلىگەن، ئىسلام پرىنسىپىدا ئەرلەرنى ئالاھىدە ياخشى كۆرۈپ ئاياللارغا رەھىمسىزلىك قىلىدىغان ئەھۋاللار تېپىلمايدۇ، ئەگەر بۇ ئەھۋاللار بار دېيىلسە بىر قىسىم سەزگۈ تۇيغۇلىرىنىڭ يوقلىش بىلەن ئەقلىگە كېسەل يەتكەن كىشىلەرنىڭ، ياكى ئىسلامنىڭ ئاياللار قانۇنىنى چۈشەنمەيدىغان، ئىنسانلارنىڭ جىسمىدا، يارىتىلىشىدا پەرقىنىڭ بولۇشىدىكى ھېكمەتنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قارىشىدا شۇنداق، بىر قىسىم ھەق ـ ھوقۇق ئىشلىرىدا، خىزمەتلەردە ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدا پەرقىنىڭ بولۇشى بۇ نورمال ئەھۋال، بۇنىڭغا قارشى بولغان ھەرقانداق دەۋالار دۈشمەندىن ياكى جاھىل دوستىنىڭ تەرىپىدىن بولسۇن بىخۇتلۇق بىلەن پۈتكەن ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئىسلامنىڭ مىراس قانۇنىدا كۆپ ۋاقىتلاردا ئاياللارنىڭ مىراس قالدۇرغۇچى بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقى ئەرلەر بىلەن ئوخشاش بولسا ئۇلارغا ئەرلەر ئالغان مىراسنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، بۇ كۆرۈنۈشتە ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئالاھىدە كۆرگەنلىك دەپ قارىلىدۇ، بۇ شەيئىلەرنىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىش دېگەن ئۇقۇمنىڭ تەتۈرسىگە





ئەگەشكەنلىك ۋە ئىسلامنىڭ كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت ـ خىزمەت ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ھەقلەرنى بېكىتكەن، ئۇلار ئارىسىدىكى ئالاقىلەرنىڭ ئادىللىق ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغانلىقىنى چۈشىنىشنى خالىمىغان كىشىلەرنىڭ قارىشى، ئىسلام ئەرلەرگە ئاياللارغا خىراجەت قىلىپ بېرىش، تولۇق مېھرى بېرىش، دىيەت ھەققىنى ئاداقىلىشتىن ئىبارەت ھەقلەرنى ۋاجىپ قىلىپ بېكىتتى ۋە ئەرلەرنىڭ مىراستىكى ھەققىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇۋاپىق ھالەتتە ئادىللىق بىلەن بېكىتتى، بۇ مەسىلىلەردە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئومۇمىي جەھەتتە نەزەر سالمىغاندا كىشىلەر ئاسان خاتالىشىپ قالىدۇ.

يەنە ئىسلامنىڭ گۇۋاھلىق ئىشلىرىدا ئىككى ئايالنىڭ گۇۋالىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا توغرا كېلىدۇ، سىرتقى قاراشتا بۇمۇ ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئالاھىدە كۆرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ اللە تائالانىڭ ئالى ھېكمەت بىلەن ئاياللار تەبىئىتىدە ھەقتىن ئېزىپ كېتىدىغان خۇسۇسىيەتنى يارىتىشى گۇۋاھلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ئايالنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ــ مەنپەئىتىنى ساقلاپ قىلىشتىن ئىبارەت، اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر ئەر كىشىلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەركىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالەتتە، دىيانەتتە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ﴾[1].

[1] سۈرە بەقەرە 282 ـ ئايەت.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاياللارغا خاس بولغان ئىشلاردا: بالا ئېمىتىش، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزالىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزاسىغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.

يەنە ئاياللارنىڭ دىيەتتە ئالىدىغان ھەققى ئەرلەرنىڭ ھەققىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر ئىكەنلىكىمۇ سىرتقى قاراشتا ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئالاھىدە كۆرگەنلىكتەك ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما ئالغان دىيەتتىن مەنپەئەتلەنگۈچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئەر ياكى ئايال بولماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ مىراسخورلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقىتتا بۇ خاتا چۈشەنچە تۈگەيدۇ، ھەرقانداق تۈزۈمدە زىيانلانغۇچىغا بېرىلىدىغان خىراجەت تارتقان زىيانغا مۇۋاپىق بولىدۇ، مىراس ئالغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئائىلە باشلىقى ياكى ئۇلارنىڭ خىراجىتىگە مەسئۇل كىشىنىڭ(بۇ كۆپىنچە ئەرلەر) ۋاپات بولۇشى بىلەن ئۇلارغا كېلىدىغان ماددىي زىيان بىلەن ئۇلارنىڭ خىراجىتىگە مەسئۇل بولمىغان باشقا تۇغقانلىرىنىڭ زىيان كەشلىككە ئۇچرىشى بىلەن كېلىدىغان ماددىي زىيان ئوخشاش بولمايدۇ.

بۇنى تەكىتلەيدىغان يەنە بىر مەسىلە: ئەگەر زىيان تارتقۇچى ئەر ياكى ئايال ھايات قېلىپ ئۇلارنىڭ بىرەر ئەزاسى مېيىپ بولۇپ قالغان بولسا ئۇلارغا بېرىلىدىغان دىيەت ئوخشاش بولىدۇ (بونى بېكىتىشتە پىقھى ئالىملىرىنىڭ بەزەن قاراشلىرى ئوخشىمايدۇ)

ئالىملارنىڭ بۇ قارىشى دىيەت مەسىلىسىدىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، بۇ سىرتقى قاراشتا ئىسلام قانۇنىدا ئەرلەرنى ئالاھىدە كۆرۈپ ئاياللارغا زۇلۇم قىلدى دېگەن قاراشتىكى كىشىلەرگە دەلىل بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە





ئىسلام قانۇنىنىڭ بەزەن مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىشى بۇ ئۇلارنىڭ ھېكمەت بىلەن يارىتىلغان تۇغما تەبىئىتىگە مۇۋاپىق بولغان شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى بولغان ئادىللىقنى ئەمەلىي ئىجرا قىلغانلىقتىن ئىبارەت.

3 ـ ھەقىقەتەن ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى، ئەقلى تەپەككۇر قىلىش قارىشى، ۋىژدانى تۇيغۇسىغا مۇۋاپىق بولغان مەلۇم ۋەزىپىلەرگە بەلگىلەنگەن، ئۇ بولسىمۇ «ئانا بولۇش ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار» دىن ئىبارەت بولۇپ ئاياللار ئۆزىنىڭ بۇ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمايدىكەن، ئۇلار مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان ھاياتى كۈچ ـ قۇۋۋەتنى بىكار قىلىۋەتكەن ۋە ئۇنى ئەسلى مەقسەتتىن باشقىغا سەرپ قىلغان بولىدۇ، ئەگەر مەلۇم بىر خۇسۇسى ھاجەت ياكى ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ سەۋەبىدىن بولسا بۇ ئايرىم مەسىلە، ئەمما مەقسەتسىزلا ئۆزىنىڭ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق دېگەن ھاماقەتلىك بولۇپ، بۇ غەرب ـ ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئەگىشىپ كەتكەنلىك، بۇ چاقىرىققا تارىخىي ۋە مەدەنىي شارائىتنىڭ سەۋەبى بىلەن بىر ئەۋلاد كىشىلەر دۇچ كەلدى، غەربلىكلەر ئاياللاردىن چەكسىز مەنپەئەتلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئەر ـ ئاياللار ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى تۈرى بولۇپ ئۇلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئىنسانلار دېگەن ئەۋلاتلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ھالەتتىن ئىبارەت، ئىسلام ئۇلارنىڭ بۇنداق قاراشلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ، ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولغان ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ھەقىقەتەن ئاياللارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئانا بولۇشى ھەم باشقىلارغا خىزمەت قىلىشى ياكى ئىككى خىزمەتنى بىرلا ۋاقىتتا تولۇق ئورۇندىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ (غەرب ئەللىرىنىڭ) ئاياللار يەسلى تەربىيىچىسى بولۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ دېگەن سۆزىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندا بۇ توغرا سۆز ئەمەس، ھەم بۇ اللہ تائالانىڭ «ئاياللار بىلەن ئۆنسى ـ ئۈلپەتلىنىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگىمۇ قارشى كېلىدۇ، «ئاياللار بىلەن ئۆنسى ـ ئۈلپەتلىنىش» دېگەن توي قىلىش، ئائىلە قۇرۇشتىن بولغان ئەڭ ئالىي مەقسەت، ماددىي نەرسىلەرنى كۆپ ئىشلەپ چىقىرىپ، ئەۋلادلارنىڭ كۆپىيىشىنى ئازايتىش ۋە يوقىلىشقا ئېلىپ بارغانىنىڭ ئىنسانىيەتكە نېمە پايدىسى بولىدۇ؟!

ھەقىقەتەن ئىسلام جەمئىيەتنىڭ ھاجىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى بىللە مۇلاھىزە قىلىدۇ، ئاياللارنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداشقا چاقىرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ اللہ قا ئىبادەتنى تولۇق قىلىش، چۈنكى اللہ ئىنسانلارنى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقان، ئاياللارغىمۇ بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلالايدىغان قابىلىيەتنى بەرگەن، ئاياللارنى تۇرمۇشتىن غەم قىلماستىن بارلىق تىرىشچانلىقى بىلەن ئەڭ ياراملىق ئىنسانلارنى ئىشلەپچىقىرىش، كۆپەيتىشكە سەرپ قىلىش ۋە بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئائىلىدە ئۆنسى ـ ئۈلپەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەرگە، ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن ئىسلام ئەرلەرنى ئۇلارنى ئېھتىرام قىلىش، ئۇلارغا كۆڭەل بۆلۈش، خىراجەتلىرىنى تولۇق قىلىپ بېرىشكە بۇيرىدۇ، اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار﴾[1].

[1] سۈرە نىسا 19 ـ ئايەت.





تىرمىزىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئەھلىگە ياخشى قارىغانلار»، مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاياللارغا ياخشى نەسىھەت قىلىڭلار»، شۇنداقلا بالىلارنىمۇ ئاياللارنى ئېھتىرام قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك، مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە «بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ يا رەسۇلۇللا، ماڭا ياخشى ھەمراھ بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشى كىم؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ» دېدى.

4 ـ ھەقىقەتەن ئىسلام ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئۇلارنى غەربنىڭ قارىشى ياكى خاتا چۈشەنچىسىدىكى خىزمەتكە ئەمەس بەلكى شەرئى دائىرىدىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئەرلەر ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئاياللارمۇ ئۆز ئۆيىدە ئائىلىدىن ئىبارەت بولغان جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

بۇ يەردە مۇھىم بىر مەسىلە بار ئۇ بولسىمۇ ئاياللارنىڭ خىزمەت مەسىلىسى سۆزلەنگەندە «خىزمەت» دېگەن سۆزنى خاتا چۈشىنىش، فىقھى قائىدىسىدە «خىزمەت» دېگەن مەلۇم مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش، ياكى ئاياللارنىڭ پەقەت ماددىي مەنپەئەتنى دەپ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان يات بىر ئەرنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئەمما ئۇلار (غەربلىكلەر) ئاياللارنىڭ باللارنى ياخشى تەربىيىلىشى، ئەرلەرگە كۆيۈنۈشى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، ياشانغانلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت ئائىلىدە قىلىۋاتقات ئىشلىرىنى خىزمەت ھېسابلىمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى بىكارغا ئىش قىلغۇچىلار دەپ كەمسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىرگە خىزمەت مەيدانىغا كەلمىگەنلىكىنى جەمئىيەتنىڭ يېرىمى بىكارچى بولۇپ كەتكەنلىك دەپ قارايدۇ، نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى ۋە ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك دەپ قارىغان كىشىلەرمۇ بۇ قاراشنى توغرا دەپ قاراپ ئاياللارنىڭ ئائىلە سىرتىدا مەلۇم مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ياكى ئائىلىدە بىكارغا خىزمەت قىلىشى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ دەپ بۇ ئىشنى ئاياللارنىڭ تاللىشىغا قويغان، ئەمەلىيەتتە بۇ توغرا بولمىغان قاراشلار بولۇپ ئەسلىدە ئاياللار ئائىلىدە ئۆزىنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسىنى ئەركىن ـ ئازادە قىلىشى ھەرگىزمۇ ماددىي مەنپەئەتنى دەپ باشقىلارغا ئىشلەمچى بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

ھەقىقەتەن مۇشۇ خاتا چۈشەنچە ئاياللارنى ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ ئائىلىسىدە ئەركىن خىزمەت قىلىشتىن مەلۇم ماددىي مەنپەئەتنى دەپ ئائىلە سىرتىدا باشقىلارغا ئىشلەيدىغان ئاددىي خىزمەتچىگە ئايلىنىشقا تۈرتكە بولاۋاتىدۇ، بۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان زۇلۇم بولۇپ بۇ ئىش ئۇلارنى ئەرلەرنىڭ خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنى قىيىنلاشتۇرۇش، باللارنىڭ ۋە ئەرلىرىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلالماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەتتە ئىشسىزلىقنىڭ نىسبىتى ئاشىدۇ، نامىراتچىلىق كۆپىيىدۇ، تىنچلىق بولمايدۇ، ئىختىزات تۆۋەنلەيدۇ، ئەخلاق بۇزىلىدۇ، توي قىلىش يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن قىزلار كۆپىيىدۇ، جەمئىيەتتىكى بۇ ئۆزگۈرۈش كىشىلەرنى





ئۈمىدسىزلىك بىلەن ساختا نىشانغا ئېلىپ بارىدۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ـ 1980 يىللىرىدىكى ئىقتىساد جەدۋىلىدە مۇنداق مەلۇماتلار يېزىلغان: (بۇ مەلۇماتلار ھازىرمۇ ساقلاغلىق)

«ئاياللارنىڭ ئائىلە سىرتىدا قىلىدىغان خىزمىتى ئۈچۈن جەمئىيەت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 40% پىرسەنتى سەرپ قىلىنىدۇ» بۇ ئاياللارنىڭ ئائىلە سىرتىدىكى خىزمىتى جەمئىيەت ئىقتىزادىنى گۈللەندۈرىدۇ دېگەن قاراشنىڭ ئەكسى نەتىجىسى، يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر دۇنيا ئاياللىرى ئائىلە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاياللارنىڭ باراۋىرىدە خىزمەت ھەققىنى قوبۇل قىلغان بولسا بۇ ھەر بىر شەھەرنىڭ سىرتتىن كېلىدىغان كىرىمىنىڭ يېرىمىگە يېتەتتى».

ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە خۇسۇسىي ئېھتىياجىنىڭ سەۋەبىدىن شەرىئەتنىڭ بەلگىلىگەن دائىرىسى ئىچىدە ئۆزىگە مۇۋاپىق خىزمەتلەرنى قىلىپ بۇنىڭغا ھەق ئېلىشى يوللۇق بولسىمۇ لېكىن بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە خۇسۇسىي ئېھتىياجىنىڭ سەۋەبىدىن خىزمەت قىلىۋاتىمىز دەپ ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئاساسلىق ئىشلىرىغا سەلقاراش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئەرلەر بىلەن ئارلىشىپ بىرگە ئىشلىشى توغرا بولمايدۇ.

بۇيەردە يەنە جەمئىيەتنىڭ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش خىزمەت قىلىشنى تۈگىتىش ياكى ئازايتىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ياكى بۇنىڭ سەلبىي تەسىرىنى يەڭگىللىتىشتىن ئىبارەت، يەنە ئاياللارنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە مۇۋاپىق ساغلام ئائىلە قۇرۇشتىن

ئىبارەت بولغان ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى بىكىتمەستىن ئاياللارنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى، خىزمەت قىلىش ئورنى، خىزمەت ۋاقتى، دەم ئېلىشقا چىقىش يېشى قاتارلىق ئىشلاردا ئۇلارغا ئەرلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش بۇ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ، يەنە بىرقىسىم جەمئىيەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى نامراتچىلىقنىڭ سەۋەبىدىن ئامالسىز ئۆز تەبىئىتىگە مۇۋاپىق بولمىغان خىزمەتلەرنى قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە جەمئىيەتتىكى نامراتچىلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئامالىنى قىلىشنى تەكىتلەيمىز.

5 ـ ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇلارنى ئۆز تەبىئىتىگە مۇۋاپىق خىزمەت قىلالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى جەمئىيەتتە ئۆز ئورنىغا قويۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپىنى، ئوقۇش پروگراممىلىرىنى قايتا رەتلەپ تەكشۈرۈپ چىقىش ناھايىتى مۇھىم، تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپىنى قايتا رەتلەشتىن بولغان مەقسەت مۇسۇلمانلار رايونىدا تۆۋەندىكى ئاساسى غايىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش:

1) الله ئۈچۈن ئىبادەتنى تولۇق ئادا قىلىدىغان ئاياللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش.

2) ئەرلىرىگە قىزغىن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ئاياللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش.

3) ئەۋلاتلارنى ياخشى تەربىيىلەيدىغان ئاياللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش.

4) ئۆز ئائىلىسىنى ياخشى باشقۇرىدىغان ئاياللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش.





5) ئاياللارغا خاس بولغان ئىشلاردا ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

ئاياللارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپىدىكى كەمچىلىكىنىڭ بىرى: ئۇلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە پروگراممىسىنىڭ ئەرلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ خىزمەت شەكلىنىڭ ئوخشاش بولۇشى، ئۇلارنىڭ بىر خىل يولدا مېڭىشى، ئوخشاش دەرسلىكنى ئۆگىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ بۇ ئاياللارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى چۈشۈرگەنلىك، بۇ كەمچىلىكنىڭ سەۋەبىدىن جەمئىيەتتە قىزلارنىڭ توي قىلىش يېشىدىن ئېشىپ كېتىشى، تالاق مەسىلىسىنىڭ كۆپىيىشى، نېرۋا كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئائىلىدىكى كېلىشەلمەسلىكنىڭ زىيادە بولۇشى قاتارلىق ئىشلار كېلىپ چىققان بولۇپ ھازىرقى دەۋردىكى بىرتۇرلۇك ۋاقىئەلەر بۇنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام جەمئىيەتلىرى بولۇپمۇ توغرا كۆز قاراشتىكى كىشىلەر غەربنىڭ مەدەنىيەت قارىشىغا ئەگىشىدىغان بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىدا ئاخىرقى غايىگە يېتىش ئۈچۈن دەرسلىك پروگراممىلارنى، ئۆتىلىدىغان دەرسلىكلەرنى قىز ـ ئوغۇللارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەلىم بېرىش كېرەك دەيدىغان ئۇرۇنۇشلىرىغا، دەۋالىرى ۋە قارارلىرىغا رەددىيە بېرىش ۋە بۇنى يولغا قويۇشقا كەسكىن قارشى تۇرۇش كېرەك، ئەمەلىي ۋاقىئەلىك ۋە تەجرىبە ساۋاقلار قىز ـ ئوغۇللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇتۇشتىن كېلىپ چىققان سەلبىي تەرەپ (ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق) بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ ئوقۇتۇشنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى ئىسپاتلاپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى كۈچەيتىپ،

بۇزۇقچىلىقنى تۈگىتىش ياكى ئازايتىش، ساغلام - تىنچ ھاياتلىقنى بەرپا قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

6 - مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەرنى زۇلۇمغا ئۇچراشتىن ساقلاپ قىلىش بىلەن اللە تائالانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا زۇلۇمنى قاتتىق چەكلىگەنلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس قۇددۇسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«ئى بەندىلىرىم مەن ئۆزۈمنى زۇلۇم قىلىشتىن چەكلىدىم سىلەرمۇ ئۆزئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار»، ئىنسانلار ئارىسىدىكى زۇلۇمنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ئاياللارغا قىلىنغان زۇلۇمدىن ئىبارەت بولۇپ ئىمام نىسائىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى اللە مەن كىشىلەرنى يېتىم بىلەن ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىگە زۇلۇم قىلىشتىن چەكلەيمەن»، ئەمەلىيەتتە ئاياللارغا تۈرلۈك زۇلۇملار بولاۋاتىدۇ مەسىلەن: ئاياللارنى ئۆز ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، پەزىلىتىنى ھاقارەت قىلىش، تۇرمۇشغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئاياللار مەيلى ئانا بولسۇن ياكى قىز بولسۇن ياكى مېھرىبان ئايال بولسۇن ئۇلارنىڭ ئاياللىق تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت، بۇ ئاياللارنىڭ دىنى جەھەتتىكى ۋە تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقىنىڭ ھەم اللە نىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنىڭ، شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولمىغان بەزەن ئۆرپ - ئادەتلەرگە بويسۇنغانلىقىنىڭ، توغرا ھاياتلىق





يولنى تاشلاپ غەرب ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئادەتلىرىنى دوراپ ياشىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، يۇقىرىدا مىسال قىلغاندىن باشقا يەنە ئاشكارا كۆرۈلىۋاتقان ئائىلىگە بولغان زوراۋانلىق، جەمئىيەتتە ۋە ئائىلىلەردە كەڭ تارالغان جىنسى پوخورلۇق (كوچىلاردا ياكى باشقا جايلاردا بولسۇن ئاياللارغا ھەرخىل سۆركىلىش، قالايمىقان قىلىقلارنى قىلىش)، ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە خىيانەت قىلىش، تۇرمۇشتا ئاياللار ئارىسىدا ئادىللىق قىلماسلىق، ئاياللارنى چەتكە قېقىش، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ھەقسىز ئېلىۋېلىش، ئۇلارنى خىراجەتتىن قىسىپ قويۇش ياكى تالاق قىلغان ۋاقىتتا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئاياغ - ئاستى قىلىش، بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلارغا زۇلۇم قىلىشى، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىمەسلىك، ئوقۇتماسلىق، ئۇلارنى ئوغۇللارغا سېلىشتۇرۇپ خىراجەتتىن قىسىپ قويۇش، ياخشى مۇئامىلە قىلماسلىق، ئۇلارنى ئۆزىگە لايىق بولغان ياشلارغا ياتلىق قىلماسلىق ياكى ئۇلارنىڭ توينى بەك كېچىكتۈرىۋېتىشتىن ئىبارەت ھەر تۈرلۈك زۇلۇملار بولۇپ ئىسلام شەرىئىتى بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى قاتتىق چەكلىگەن.

ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە زۇلۇمنى تۈگىتىش ياكى يەڭگىللىتىش ۋە ۋەزىيەتنى تۈزىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەر بىر كىشىنىڭ دىنى مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ، تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇمنى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى چەكلەش ياكى يۈز بەرگەندىن كېيىن تۈگىتىش ئۈچۈن باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى يەڭگىللەشتۈرۈش كېرەك، جەمئىيەتنىڭ ۋە ھەربىر كىشىلەرنىڭ دىني مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شەرئى قانۇنلارنى

كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن دىنى پروگراممىلارنى كۆپەيتىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن توغرا بولغان بارلىق ئۇسۇل - چارەلەرنى قوللىنىش، شەرىئەتكە خىلاپ بولغان ھەرقانداق ئۆرپ - ئادەتلەردىن ھەم شەرق ئەللىرىدىن ياكى غەرب ئەللىرىدىن سىڭىپ كىرگەن ھەرخىل پروگراممىلار ۋە قائىدە - يوسۇنلاردىن يىراق بولۇش ۋە ساقلىنىش كېرەك.

7 - ھەقىقەتەن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دىن ئىبارەت غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جەمئىيەت مۇھىتىنى ۋە ئاياللار تۇرمۇشىنى يەرشارىغا ئومۇملاشتۇرۇش قارىشى بۇ پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىغا بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئاياللىرىغا قىلىنغان زىيانكەشلىك بولۇپ بۇ قاراش تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى ئاساس قىلىدۇ:

1 - جەمئىيەت مۇھىتىنى ۋە ئاياللار تۇرمۇشىنى يەرشارىغا ئومۇملاشتۇرۇش قارىشىدىن بولغان مەقسەت پۈتۈن يەر شارىنى بىر تەرەپلىمە قاراشتىكى مەدەنىيەت قالدۇقۇنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان، تارىخىي ھوقۇق كۆرىشى داۋاملىشىۋاتقان يەر شارىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى بىلەنلا چەكلەنگەن، مەدەنىيەت ۋە قانۇن جەھەتتە دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بىرقانۇن بىلەن باشقۇرۇشتىن ئىبارەت.

2 - جەمئىيەت مۇھىتىنى ۋە ئاياللار تۇرمۇشىنى يەرشارىغا ئومۇملاشتۇرۇش قارىشى ماددىي مەنپەئىتى ھەرقانداق ئۆرپ - ئادەت، مېھرى — مۇھەببەت ۋە ئەدەپ — ئەخلاقتىن ئەلا بىلىدىغان كاپىتالىستىك ماددىي مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇشتىن ئىبارەت.

3 - جەمئىيەت مۇھىتىنى ۋە ئاياللار تۇرمۇشىنى يەرشارىغا ئومۇملاشتۇرۇش قارىشى بولسا غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئاياللارنىڭ





ياشاۋاتقان ئەمەلىي تۇرمۇشىغا ئالاقىدار مەسىلە بولۇپ بۇنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىندىن نەزەر سالغاندا ياكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدىكى دەرسلىك ۋە ئىلمى تەتقىقاتلارغا قاراپ چىققان ۋاقىتتا تولۇق چۈشەنگىلى بولىدۇ.

مۇشۇ بەختسىز جەمئىيەتتىكى ئەمەلىي ۋاقىئەلىك ئۇلارنىڭ جەمئىيەت مۇھىتىنى ۋە ئاياللار تۇرمۇشىنى يەرشارىغا ئومۇملاشتۇرۇش قارىشىدىن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ، گەرچە ئۇلار بۇ بەختسىز جەمئىيەتنى ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن ئورىغان ئېلانلار بىلەن يوشۇرسىمۇ ياكى ساختا ھوقۇقلار بىلەن چاقنىتىپ زىنەتلىسىمۇ، ئۇ جەمئىيەتتە كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئائىلىدىكى زوراۋانلىق، قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش، ياكى ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي ئەرباپلىرىدىمۇ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان جىنسىي پوخورلۇق قىلىش ھادىسىلىرى (كوچىلاردا ياكى باشقا جايلاردا بولسۇن ئاياللارغا ھەرخىل سۈركىلىش، قالايمىقان قىلىقلارنى قىلىش)، ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن تارتىۋاتقان قىيىنچىلىقىنىڭ كۆپىيىشى، نامرات ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالىلارنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىش ھادىسىسى، ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇش نىسبىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ھەتتا ئائىلە دېگەن ئىسمىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۆچۈپ كېتىپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشى ئۇلارنى ئۇزۇن مۇددەت بىر - بىرى بىلەن بىرگە ياشاشنى قوبۇل قىلىدىغان بىر جۈپ ھەمراھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گەرچە ئۇلار قانۇنلۇق ئەر - ئاياللاردىن بولمىسىمۇ، ياكى ھەر ئىككىيلەن بىر جىنىستىن بولسىمۇ (يەنى ئىككى ئەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن قانۇنلۇق تۇرمۇش قۇرۇپ بىرگە ياشىشى) ئائىلە

دېگەن چۈشەنچىنى قانۇنلاشتۇرۇش بىلەن جەمئىيەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى، بۇ ئىشلارنىڭ قانۇنلىشىشى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزىتىش دەپ تارقالدى، بۇنىڭ شاھىتى پرانسىيە دىكى دۆلەت تەتقىقات مەركىزىنىڭ دۆلەت مەجلىسگە سۇنغان ئاھالىلەرنىڭ يىللىق دوكىلاتىدا بۇ مەلۇماتلار بېرىلگەن: «ھەقىقەتەن پرانسىيە دۇنيادا توي قىلىپ ئەر ـ ئايال بولۇپ ياشايدىغانلارنىڭ سانىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئەر ـ ئايال بولماستىن ئەركىن ئالاقە قىلىشىپ ياشايدىغانلار سورۇنىنىڭ كەڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئاجىزلىق قىلىش جەھەتتە پىللاندىيە، نورۋېگىيە ۋە شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى پرانسىيەدە ئەر ـ ئايال بولماستىن ئەركىن ئالاقە قىلىشىپ ياشايدىغانلارنىڭ سانى يىلىغا 450 مىڭغا يېتىدۇ، شۇنداقلا بىر جىنىستىكى ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەرلەرنىڭ ـ ئەرلەربىلەن، ئاياللارنىڭ ـ ئاياللار بىلەن توي قىلماستىن ئائىلە بولۇپ ئۇزۇن مۇددەت بىرگە ياشاش نىسبىتى يىلىغا 30 مىڭغا يېتىدۇ».

8 ـ ئەگەر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي يۆلۈنۈشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەنبە ئىككى تەرەپلىمىلىك بولسا ۋە قانۇنمۇ ئىككى تەرەپلىمىلىك بولسا بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنى توغرا دىنىدىن ئازدۇرىدۇ، اﷲ نىڭ يولىدىن توسۇپ قويىدۇ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەتلىك بولغان سالاھىيىتىنى غۇۋا لاشقان ئارلاشما ھالەتكە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، كىشىلەرنى يورۇقلۇقتىن ـ نۇردىن مەھرۇم قىلىدۇ ۋە توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ.

جەمئىيەت دېگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي، پەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئاساسلىق



ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى

ئامىللارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇستەھكەم بىر ھالقىدىن ئىبارەت بولۇپ بۇ ھالقىلارنىڭ قايسى بىرىدىن خاتالىق ـ كەمچىللىك كۆرۈلسە چوقۇم باشقىلىرىغا ۋە ئومۇمىي قۇرۇلمىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا جەمئىيەتنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىسلاھ قىلىش زۆرۈل بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر قۇرۇلمىلىرى ئۈچۈن بولغان قانۇن مەنبەلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۇنى اﷲ چۈشۈرگەن ئىلاھىي قانۇن ئاساسىغا قۇرۇپ چىقىش كېرەك، بۇ قانۇن بولسا اﷲ تائالا ئېيتقاندەك ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق اﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1].

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن ئىلمانىي(دىنىنى دۆلەتتىن ئايرىۋېتىش قارىشى) قانۇن ـ تۈزۈملەرنى يىراق قىلىش، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ھەقىقىي كىشىلىك ھوقۇقىي ئۈچۈن راست بولغان ئەمەلىي ئۈلگىلەرنى تەقدىم قىلىش، ئاياللار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شەرىئەتنىڭ ئادىللىقىدىن ۋە ئاياللارغا بولغان ھۆرمىتىدىن تولۇق مەنپەئەتلىنەلەيدىغان ئەركىنلىكنى بېرىش، ئۆزىنىڭ پاك دىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ياشاۋاتقان ئاياللارغا ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئورۇنلىرىدا ياكى پاك بىر ئائىلە قۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ياكى تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن ھالال رىزىق تەلەپ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا بولسۇن ئۇلارغا قىلىنىدىغان ھەرقانداق جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تازلاپ يوقىتىش كېرەك.

[1] سۈرە فۇسسىلەت 42 ـ ئايەت.

## تۆتىنچىسى: نەسىھەت ۋە تەلەپلەر

1 ـ ئىسلام مىللىتى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە:

ا ـ الله نىڭ قانۇنىنىڭ بىر قىسمىدىن ياكى ھەممىسىدىن ۋاز كېچىشتىن ھەزەر قىلىش، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ روھى ــ كەيپىياتىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغاندىن سىرت ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىمۇ بۇزۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، چۈنكى بۇنىڭ ئاقىۋىتى بىزنى دىن دۈشمەنلىرىگە بويسۇنۇشقا، ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈچلىنىشىگە ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ، ھەم دۇنيا ــ ئاخىرەتتە الله نىڭ جازاسىغا ئۇچراشقا سەۋەب بولىدۇ، الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇققۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[1]، ئىمام بۇخاري رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن الله تائالا كۈنلەيدۇ، الله نىڭ كۈنلىشى مۆمىنلەرنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ) الله تائالا چەكلىگەن (ھارام) قىلغان بىر ئىشنى قىلىشى ياكى قىلىشنى مەقسەت قىلىش بىلەن بولىدۇ».

ب ـ جەمئىيەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقنى ۋە ئىپپەتنى ساقلاش بولۇپ، بۇ ئىش مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە خىزمەت، تەلىم ـ تەربىيە، ئېلان، پەن ـ مەدەنىيەت، تۇرمۇش تەرەققىياتى قاتارلىق ئىشلارنىڭ يۆلىنىشىنى باشقۇرۇشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، تەلىم ـ تەربىيە ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئەر ــ ئاياللارنىڭ، قىز ــ ئوغۇللارنىڭ

[1] سۈرە نۇر 63 ـ ئايەت.

ئارىلىشىشنى چەكلەش بولسا جەمئىيەتنىڭ پاكلىقىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە ئىپپىتىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ قارىشى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان: «ئاياللارنىڭ قارشىسىدىكى ھەرقانداق پەرقلەندۈرۈشنى يوقىتىش ئىتىپاقى» دېگەن بۇ قارىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەر ـ ئاياللار ۋە قىز ـ ئوغۇللارنى ھەرقايسى ساھەلەردە ئارىلىشىپ بىرگە ئىشلەشكە چاقىرىشىمۇ ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك، پاكىزە ـ ئەخلاقلىق بولۇش قانۇنىيىتىگە قارشى ھەرىكىتىنىڭ يەنىلا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ئۇلار شەرىئەتنىڭ «پاك ـ دىيانەت بىلەن گۈزەل ئەخلاقنى ساقلاشتىن ئىبارەت بولغان ئاساسلىق قانۇنىنى ئېتىبارغا ئالماستىن ئۆز ئالدىغا ئۆز تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىقى بىلەن ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئويلاپلا جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ، تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ، ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ، ئېلان مەركەزلىرىنىڭ يولغا قويغان قانۇن پرىنسىپلارنى بىلىش بىلەن ئۇلارنى ھەق يولغا قايتۇرۇش كېرەك، بۇ بىر خەتەرلىك ئىش بولۇپ جەمئىيەتنى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىش بارلىق ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ بىرلىكتە قارشى تۇرۇشىغا ئېھتىياجلىق، جۈملىدىن: ئالىملار، توغرا پىكىر ئىگىلىرى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى كەسىپ ئىگىلىرى، جەمئىيەتتىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر، تىجارەتچىلەر ۋە ئومۇمىي خەلقتىن ئىبارەت.

ج ـ رەھبەرلەر ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىش ئۇلار ھەر قايسى ساھەلەردىكى مەيلى تەلىم ـ تەربىيە ئورۇنلىرىدا ياكى مەدەنىيەت



ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى

ئورۇنلىرىدا، ئېلان بۆلۈملىرىدە ۋە باشقا ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان بىلىمى كەمچىل، كۆزقارىشى ناچار، ئەقلى ساغلام بولمىغان ئۆزىنىڭ شەھۋانى ھاۋايى ـــ ھەۋەسىگە ئەگىشىپ ئىش قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ خىزمىتىگە چەكلىمە قويۇش كېرەك، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارئۈچۈن شەرىئەت يولغا قويغان ھوقۇقلارنى دەپسەندە قىلىشقا ياكى ئاياللارنىڭ ئىپپىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان پروگراما ـ پرىنسىپلارنى يولغا قويۇشقا ياكى دىن دۈشمەنلىرىنى خۇرسەن قىلىش، ئۇلارنىڭ ياسالما قاراشلىرىغا ئالدىنىپ ئۇلارنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە خاس بولغان پىكىر ـ قاراشلارنى ۋە بۇزۇق ناچار ئەخلاقلارنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقىتىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەسلىك كېرەك، ئەبۇ داۋۇدتا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چوقۇم باخشىلىققا بۇيرۇشۇڭلار، يامانلىقتىن توسۇشۇڭلار، زالىمنى زۇلۇم قىلىشتىن چەكلىشىڭلار ۋە ھەق ئىش قىلىشقا قايتۇرۇشۇڭلار كېرەك».

د ـ بىلىم ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتنى ھىمايە قىلىش، قوغداشتىن ئىبارەت دىنى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلىرىگە سەل قارىماسلىق، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ قىممىتىگە ئالاقىدار بولغان قارارلارغا دىققەت قىلىش، بولۇپمۇ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھاياتى تۇرمۇشى، ئائىلە ئەھۋالى، ئىپپەتلىك پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەردە بۇ ئىشلار جەمئىيەتنىڭ قايسى تەبىقىسىدە يۈز بەرسۇن بۇنى چەكلەش كېرەك، بۇنداق قىلىش دىنىنى ۋە دىنى شۇئارلارنى خالىغانچە بۇرمىلايدىغانلارنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن ساقلاپ قېلىش، شەرىئەتتىكى زۆرۈل بولغان ھەرقانداق مەسىلىنى ئۆرپىدىكى

ھەرقانداق سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە مەسىلىلىرىدىن ئىلگىرى ھەل قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾①.

ھ ـ ئىلىمنى يوشۇرۇشنىڭ ۋە چۈشەندۈرۈشكە بايان قىلىشقا تېگىشلىك ۋاقىتتىن كېچىكتۈرۈشنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾②، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى، ئەدەپ ـ ئەخلاق قانۇنىيەتلىرى ئۆچەپ كېتىش ھالىتىگە بېرىپ قالغاندا، شەرئىي قانۇن نىزامنامىسىگە خىلاپ بولغان ئىشلارنى مەلۇم خۇرسەنلىك ياكى غەم ـ قايغۇ ياكى مەلۇم ماددىي مەنپەئەتنى دەپ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتىش مەقسەت قىلىنغان كۆرسەتكۈچ ۋە قارارلارنى ئاقلاپ ئوتتۇرىغا چىقارغاندا ئىلىمنى يوشۇرۇشنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

و ـ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئەدەپ ــ ئەخلاق، پەن ــ مەدەنىيەت، كىشىلىك ھوقۇق قارىشىنى ھەرگىزمۇ غەرب ئەللىرىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان يەر شارىغا ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان،

① سۈرە ئال ئىمران 104 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران 187 ـ ئايەت.





شەرىئەتنىڭ توغرا قانۇنىغا، ساغلام تەبىئەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، ئۆز دۆلىتىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئۆزدۆلىتىگە خاس بولغان، باشقا دۆلەت ۋە مىللەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، كۆپ ۋاقىتلاردا ساغلام تەبىئەتكە قارشى بولغان پىكىر ـ قاراشلار بىلەن ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ، غەرب ئەللىرىنىڭ بۇ قارىشىنىڭ قۇرۇلمىسى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق قارىشىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئوخشاش بولۇپ بۇنىڭ سالاھىيىتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە قايتا قاراپ چىقىش بىلەن بىرگە كىشىلىك ھوقۇق قارىشىنى توغرا ئەقىل ۋە ساغلام تەبىئەتكە، شەرىئەتتە بېرىلىككە كەلگەن قانۇنلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن سۈرۈشتۈرۈش ۋە مۇراجىئەت قىلىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيمىز، چۈنكى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق قارىشىنى بېكىتىشكە ئۆلچەم ۋە ئاساس بولىدىغان، خەلق ئارالىق توغرا پرىنسىپ بولۇشنىڭ نەمۇنىلىك ئۈلگىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسلىق قاراش ئۇ بولسىمۇ ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇق قارىشىدىن ئىبارەت.

2 ـ مۇسۇلمان ئاياللارغا:

مۇسۇلمان ئاياللار رىياللىقنىڭ بېسىمى ئاستىدىمۇ پاك شەرىئەتنىڭ ھۆكمى ۋە تەلىماتلىرىغا رىئايە قىلىشقا سەل قارىماسلىق كېرەك، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ شەرىئەت كۆرسەتكەن يۈزىنى يېپىش مەسىلىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى بۇنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى ۋە بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشى بۇ ئىشتا ئۆزىگە ئەجىر بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىشتىن بولغان مەقسەتنىڭ الله نىڭ رازىلىقىغا ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىش، ۋە يەنە ئۆزىنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتىنى ساقلاش،

كەمستىلىشكە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك.

پاك ئىپپەتلىك مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ شەرىئەتنىڭ تەلىماتى ۋە ھۆكمىگە مۇۋاپىق ھالەتتە يۈزنى يېپىشتا مۇستەھكەم تۇرۇشى جەمئىيەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا — ئاخىرەتلىك مەسلەھەتىگە تاجاۋۇز قىلغان ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى، مۇشۇ دىنى شۇئارغا قارشى غالجىرلىق بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان مۇھىتتا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تاقىتىنىڭ يېتىشىچە يۈزنى يېپىشتا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئۇلار ئۈچۈن بولغان ئەمەلىي جىھاد دەپ قارايمىز.

ب ـ مۇسۇلمان ئاياللىرىمۇ جەمئىيەتنىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ۋە الله قا ھەقىقىي ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك، بۇ ئىبادەتنىڭ جەمئىيەتتىكى سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاياللارنىڭ بالىلارنى ياخشى تەربىيىلىشى، ئۆز ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، زۆرۈر بولمىغان ۋاقىتلاردا ئائىلىدە بولۇشى سىرتقا كۆپ چىقماسلىقى، ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلاش بىلەن بىرگە جەمئىيەتكە ئىپپەتلىك بولۇشنى كەڭ تارقىتىشى، باشقا قىز ـ ئاياللارنى ياخشىلىققا چاقىرىشى، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇشى، كەسىپ قىلىپ توپلىغان ماللاردىكى الله نىڭ ھەققىنى تونۇشى، بۇ ماللارنى توغرا يولغا ئىشلىتىشى، بۇ ماللارنى توغرا بولمىغان جايلارغا ئىشلىتىشتىن، ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ چېچىشتىن، ئورۇنسىز ئىشلارغا ئىشلىتىشتىن ئەرلىرىنى توسۇشى،



ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى

الله ياخشى كۆرىدىغان ياخشىلىق خەيرى ـ ئېھسانلارغا ئىشلىتىشكە يول كۆرسىتىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

ئاخىردا بۇ يەردە سۆزلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى ئىلمى قارارلاردىن كېيىن ئەمەلىيەت تەرەپكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، چۈنكى الله نىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ھەقىقىي گۈللىنىشىنى يولغا قويغىلى بولىدۇ ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن غالىپ، بارلىق ئىشلارنى بىلگۈچى ۋە خەۋەردار بولغۇچى الله نىڭ ئاياللارغا بەرگەن ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئاياللارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە بولغان ھەسسىدارلىقىنى تولۇق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، مۇسۇلمان ئاياللىرى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جەمئىيەتنى خەتەرلىك يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارمايدۇ، ئۇلار جەمئىيەتتە غەرب ئاياللىرى دۇچكەلگەن پاجىئەلىك تىراگېدىيىلەرگە ئۇچرىمايدۇ، بەلكى پۈتۈن دۇنيادا ئاياللاردىن گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئىشلارنى ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك ياخشى ئۈلگىلەردىن بولالايدۇ.

ھەقىقەتەن بۇ مەسىلە ئارقىمۇ ـ ئارقا باسقۇچلۇق پىلانغا، ھەرخىل كۆرسەتكۈچ، پروگرامما ۋە شىركەتلەرگە ئېھتىياجلىق، ئاياللارنىڭ تەرپىدىكى ھەرقانداق پىلاننى قۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ كىتابنىڭ ئۆزىنى ياكى بۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان قائىدىلەرنىڭ بىرىنى ئاساس قىلىش كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن دىنى ئالىملار ئاياللار مەسىلىسىدىكى تەلىم ـ تەربىيە، خىزمەت، ۋە تۇرمۇش تەرەققىياتى قاتارلىق ئىشلاردا توغرا يۆلىنىش قۇرۇش ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى

ئىقتىساد ئىگىلىرى، تەربىيىچىلەر، ھەر ساھەدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئىسلاھاتقا چاقىرغۇچىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك، ئەمەلىي پروگراممىلارنى بېكىتىش، شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن بولغان توغرا يول كۆرسەتكۈچلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بۇ پروگراممىلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىيەتتىكى ئىلغار ئۈسكىنىلەرنى بېكىتىش كېرەك، بۇ پروگرامما ۋە كۆرسەتكۈچلەر تۆۋەندىكى ئىككى ئاساسقا قۇرۇلۇشى كېرەك:

1) شەرىئەتتە مۇقىم بېكىتىلگەن ئەقىدە، ھۆكۈم ۋە ئاساسىي مەقسەتلەر.

2) ھاياتلىقتا يۈز بېرىۋاتقان ئەمەلىي ۋاقىئەلىككە مۇۋاپىق بولۇش.

بۇ جەمئىيەتنى توغرا ھىمايە قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدا رازىمەنلىك بىلەن ھايات كۆچۈرۈشىگە توغرا يول ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن دىنى ئالىملار ۋە ھەرساھەدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بولغان بۇ خەتەرلىك ئىشنى الله نىڭ دىنىنى، شەرىئەتنىڭ مەقسەت — ئەھكاملىرىنى چۈشەنمەيدىغان ياكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن مەغلۇپ بولغان مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىغا ياكى شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئىش قىلمايدىغان ياكى ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئىگە بولالمايدىغان كىشىلەرگە ياكى بۇنى ئەمەلىيەت ھەل قىلىدۇ دەپ ئەمەلىي ۋەقەلىكنىڭ ئۆزىگە تاشلاپ قويماسلىق كېرەك.

ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ پروگرامما ۋە كۆرسەتكۈچلەر توغرا بولغان شەرئى ئىلىمدىن ئىلىنغان بولۇشى، ھاياتلىقتىكى بۆلۈنۈش ۋە قارشىلىقتىن ئىبارەت ئۆزگىرىشچان ۋەقەلىكنى كەسكىن ھەل





قىلالىشى، شەرىئەت ھۆكۈملىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مەقسىتىگە مۇۋاپىق بولمىغان سولچىل ۋەقەلەرگە بويسۇنماسلىقى كېرەك.

ھەقىقەتەنمۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى، ئىقتىسادىي سىستېمىنى، تەلىم - تەربىيە پروگراممىسىنى، تەشكىلى قۇرۇلمىلارنى ئۆزگەرتىشتە دىنىي ئالىملار بىلەن ھەرساھەدىكى ساپدىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى تېز سۈرەتتە ئۈچراشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى بىلىش بىلەن بىرگە، بۇ مۇھىم ئىشنى كىچىكتۈرمەسلىك ۋە ئالدىراپ بۇزۇپ قويماسلىق كېرەك.

ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىلىشتە بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە، ياخشى - يامانلىقىغا، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا زىتمۇزىت ئەمەسمۇ دېگەندەك تەرەپلەرگە قارىماستىن بەلكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىش توغرا تەرەپكە يۈزلىنىشى مۇمكىن دېگەن قاراش بىلەن ئاساسلىق تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشنىڭ ئۆزگىلا قاراش كېرەك، بۇنداق قىلمىغاندا جەمئىيەتتىكى بۇ ئىشلارنىڭ يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتىش تۈگۈل بۇ ئىشنى توغرا يۆلىنىشكە باشلاپ قويۇشمۇ تەس بولىدۇ.

كۆرسىتكەن تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى بىلەن بولغان خۇرسەنلىكتىن بولۇشى مۇمكىن بۇ يەردە سۆزلەپ ئۆتىدىغىنىمىز ئىسلام دىنى دۇنياغا تارقىلىشى ئەڭ تېز بولغان دىندۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن الله قا كۆپ ماختاش - تەشەككۇرلەر بولسۇن، دۇنيادا يېڭىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ كۆپچىلىكى غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقانلار، بولۇپمۇ ئاياللار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، گەرچە دىن دۈشمەنلىرى غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ئىسلامنى ۋە ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ئورنىنى

ئۆزگەرتىپ ـ قەبىھلەشتۈرۈپ سۈرەتلەپ بەرگەن بولسىمۇ لېكىن لېكىن غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئىلاھى پرىنسىپ بىلەن ھايات كۆچۈرمەستىن بەلكى ئىنسانلارنىڭ تۈزگەن پرىنسىپلىرىغا ئەگىشىپ دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقى، ئۇچراۋاتقان زۇلۇملىرىنى، تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ئۇلارنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله نىڭ قانۇنى ئاستىدا ياشاپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىنتىزار بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەت، ھەقىقىي ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئارزۇسى ئۇلارنىڭ تېزلىكتە دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئىسلامغا كىرىشكە تۈرتكە بولدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلارغا الله نىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەدىنە ـ مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە تەرجىمە قىلىندى

20 /4/ 1427ھ